باش تەھرىرى: مائاپ ۋاھاپ

ئەزالىرى: كۆزىبى، يەنجىشەن.

باھايىدىن ھوشۇر، نۇرسۇن ئايۇپ.

# كىرىش سۆز

## توقسۇنغا ئىنقىلاپ ئوتىنىڭ تۇتۇشۇشىغا بولغان تارىخى سەۋەپ

«ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ.»

ماۋزېدۇڭ.

قارا نىيەت ئەكسىيەتچى شىڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭ قويىنىغا ئاتقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستلارغا قارشى تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلىك سۇيىقەستلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك كادىرلىرىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىك زىيالى ياشلىرىنى ئىنقىلابى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى. نەچچە مىڭلىغان ئىنقىلابى ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ۋەھشىلەرچە قىردى. ئۆلتۈردى.

1944 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك، ناھىـ

يىلىك پىرقىلىرى قۇرۇلۇپ، ۋۇجۇڭشىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشتۈرۈپ چىققان گۇماشتىلىرى بارلىق ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت، ئارمىيە، مالىيە، مەدەنىي ـ مائارىپ قاتارلىق ھەممە ھوقۇقلىرىنى ئىگەللىۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىق، فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقى دەستىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چىداپ تۇرغۇسىز زۇلۇم بالايى ـ ئاپەتلەرگە دۇچ كەلدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە پۇل پاخاللاشتى، مال باھاسى ئۆرلەپ جەمئىيەتتە ھايانكەشلىك، بىسىمدارلىق ھۆكۈم سۈردى. ئەمەلدارلار ئىچىدە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق، ئەيشى ـ ئىشرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش ئەۋج ئالدى. بازارلاردا خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا لازىملىق نەرسە ـ كېرەكلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ كەتتى. يېزا ـ قىشلاقلاردا ئالۋاڭ ـ ياساقلار كۆپىيىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى كۈن ئالالماس دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىمۇ تاپقىلى بولماس ئىدى. ئەڭ ئاددىسى ھەر بىر ئائىلىلەر سەرەڭگە ئورنىغا ئاددىي تاش چاقماق «جودوگىزا» ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى.

شەھەر ـ يېزىلاردا بوجاڭ، جاجاڭ تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، بىر ئائىلە ـ يەنە بىر ئائىلىنى نازارەت قىلىدىغان، كەلگەن ـ كەتكەنلەرنى تىزىملاپ، يول خېتى بىلەن رۇخسەت قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەچكە ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىمۇ شە-

ھەردىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ كېتەلمەيدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ كىرىش ئېغىز يوللىرىدا «چاۋا» تۈزۈمى ئورنۇتۇلۇپ، ھەرقانداق ئادەمنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئۇلاردىن پارا ئېلىپ، قاقتى - سوقتى قىلىدىغان ئىشلار يۈز بەردى. مۇشۇنداق مۇستەبىتلىك، تېررورلۇق تۈزۈم شارائىتىدا كۈندە دېگۈدەك تۇتقۇن قىلىش، قاماش، ئۇرۇش، چېپىش يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، خەلق دائىم ۋەھىمە، ئەندىشە ئىچىدە ھايات كەچۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

گومىنداڭ جاللاتلىرى فاشىستلىشىپ، خەلققە نىسبەتەن ئۆزى بىلگەنچە زۇلۇم سېلىش، بۇلاش - تالاش، خورلۇش، قىزلارغا باستۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق زومىگەرلىكلىرى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن خەلقنىڭ غەزىپى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋېشكە باشلىدى.

زۇلۇم بار يەردە ئەلۋەتتە قارشىلىق بولىدۇ. خەلق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇنداق زۇلۇم - زومىگەرلىكلىرىگە چىداپ تۇرالمىغانلىقتىن ئاخىرى قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش قىلىش يولىغا قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بەختىگە يارىشا ئاخىرى 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى نىلقا ناھىيەسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن يېرىدە گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ يۈز بەردى. بۇ قوزغىلاڭ خەلق رايى ۋە كۈچلۈك ئىرادىسىنى ئاساس قىلغانلىقتىن ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ھەر مىللەت ئىزىلگۈچى ۋەتەنپەرۋەر خەلقلەرنىڭ بىردەك قوللىشى ئارقىسىدا كىچىكلىكتىن چوڭىيىشقا، ئاجىزلىقتىن قۇدرەتلىنىشكە، پارتىزانلىقتىن مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ تەـ

رەققى قىلىپ بىر يېڭى مىللى ئارمىيە شەكىللەندى. ئۇ ئارقىمۇ-ئارقا ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان قومۇل، تۇرپان، توقسۇن، پىچان، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلدى ۋە بۇ يەرلەردىكى ئېزىلگەن ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قەتئىي قوللىشى ھەرىكەتكە كېلىپ قوزغىلىشقا ئاساسىي سەۋەبچى بولدى.

1945 - يىلى ئالدىنقى يىل يېرىمىدا تارباغاتاي ۋە ئالتاي قاتارلىق جايلار ئارقا - ئارقىدىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. بۇ يەرلەردە يېڭى دېموكراتىك خەلق ھاكىمىيەتلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. 1945 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئارقا - ئارقىدىن جىڭ، شىخولاردىكى گومىنداڭ ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن باشلاپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەك، كۆيدۈرگۈچ بومبا قاتارلىق قوراللار بىلەن كېچە-كۈندۈز توختىماي شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغاچقا جىڭنى ساقلاۋاتقان بىر دىۋىزىيە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي تار - مار بولدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىخو ئېلىنىپ گومىنداڭ تاپىنى ئاستىدىن ئازاد قىلىندى. شۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە 140 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. گومىنداڭ ئارمىيىسى ماناس دەريا كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە بەدەر قاچتى. مىللى ئارمىيە جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ بىر

试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com

قىسىم قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن
ئۆلكە داۋالغۇپ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالدى. يولداش ماۋ-
زېدۇڭ ئۆز ۋاقتىدا: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — جۇڭگو دېمو-
كراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى نېمە ئۈچۈن جۇڭگو دېموكرا-
تىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ؟ ئۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى،
شىنجاڭ — دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شۇڭا
شىنجاڭدا قوزغالغان ئىنقىلاب، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس
تەركىبىي قىسمى بولۇشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. پۈتۈن مەملىكەت
مىقياسىدىكى ئىنقىلاب بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا ھەر ئىككىلا ئىنق-
ىلابنىڭ ئورتاق دۈشمىنى جاھانگىرلىك ۋە گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىدىن ئىبارەت. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتىلىشى
دەل بولدى، ئوبدان بولدى، ئۇ، شىنجاڭدىكى يۈز مىڭ كىشى-
لىك گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، پۈتۈن مەم-
لىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا زىچ ماسلىشىپ،
ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى
سۈرۈشكە مۇھىم تۈرتكە بولدى.

بىر دۆلەتتە ئەينى زاماندا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان مۇس-
تەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئىستىبداتلىق تۈزۈمىگە قارشى كۆتۈرۈل-
گەن خەلق قوزغىلىڭى مەيلى ئۇنىڭ قەيەردە كۆتۈرۈلگەنلىكى-
دىن قەتئىي نەزەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ مىللىي تەركىبى قانداق
بولۇشىدىن، ئاھالىسىنىڭ ئاز - كۆپلىكىدىن، ھاكىمىيەت ئۈستى-

دىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەش بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى مۇقەررەر، ئەلۋەتتە.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىبداتلىق تۈزۈمىگە، مىللىي زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلاب، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ مىللىتىگە قارشى ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىينى دەۋردە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەش، شۇڭا ئۇ، ھەقلىق رەۋىشتە «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» بولۇشقا تېگىشلىك.

1945 - يىلى 10 - ئايدا ئۇرۇشنى توختىتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزگىچە بولغان تارىخىي جەريان ئۇرۇش جەريانىدۇر. بۇ باسقۇچتىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى خېلىلا مۇرەككەپ بولۇپ، پائالىيەتلەر «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» شۇئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.

ئىنقىلابقا تۈرلۈك سىنىپ، تۈرلۈك تەبىقىدىكى كىشىلەر قاتناشقانلىقى ئۈچۈن رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. بۇنىڭغا دېھقان - چارۋىچىلار ۋەكىللىرى، بۇرژۇئازىيە - روھانىيلار، فېئودال - پومېشچىكلارنىڭ ۋەكىللىرى، زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار پىكىرلىك ياشلار، ماركسىزم - لېنىنىزمچى ياشلارمۇ قاتناشقان بولۇپ، بۇ باسقۇچ

ئاساسەن ئۇرۇش باشقۇچى ئىدى. ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

شۇڭلاشقا جەمئىيەتتە كومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن تەشكىلاتلارنىڭ ۋە قوراللىق كۈچلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى تەبىئىي ھالدۇر. جۈملىدىن كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتتىق زۇلمى ۋە يولسىزلىق قىلىپ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان تۇرپان ۋادىسىدىكى خەلقلەر ئاخىرى قوزغىلىپ قوللىرىغا قورال ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

# مۇندەرىجە


توقسۇنغا ئىنقىلاب ئوتىنىڭ تۇتۇشۇشىغا بولغان تارىخىي سەۋەب ........ 1

ئۈرۈمچىدە 1944 - يىلى قۇرۇلغان «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ۋە ئۇنىڭ توقسۇن، تۇرپان، پىچان، قۇمۇللارغا بولغان تەسىرى ۋە رولى ........ 1

1945 - يىلى توقسۇندا تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرىي كۈچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ توقسۇن خەلقىگە قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى ........ 7

ئاتلىق 5 - كورپۇس ئەسكەرىي كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشتىكى مۇددىئاسى ۋە ئۇنىڭ توقسۇن خەلقىگە سالغان دەھشەتلىك زۇلۇم - زوراۋانلىقى ........ 14

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى توقسۇندا «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ قۇرۇلۇپ ۋۇجۇتقا كېلىشى ........ 24

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قەسەمنامىسى ........ 35

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نېمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپنى بېتىم ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلدى ... 36

شىنجاڭدا تېچلىق دېموكراتىك ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت 11 بېتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن بېتىمنى ئىجرا قىلىش

مەسىلىسىدە ئىككى خىل كۈچ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزئارا
كۆرەش باشلىۋەتتى ........................ 43
تېچلىق 11 بېتىم روھى بويىچە توقسۇندا ئېلىپ بېرىل-
غان سايلام ئەھۋالى توغرىسىدا .................. 45
شىنجاڭ جەنۇبى زۇڭ سىلىڭبۇ ئىككىنچى باشقارما ئىش-
پىيونسىۋاڭ شۈيىڭ ...........................
گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان
ئىشپىيونلۇق سېتىسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي كۈچ-
لەرنى باستۇرۇشتا ئوينىغان رولى.................. 59
11 بېتىمدىن كېيىن توقسۇندا قۇرۇلغان ئىستىقلال
تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك «سەنمىن
جۇيىچى ياشلار ئۇيۇشمىسى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى... 71
توقسۇن «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ قورال-
لىنىشى ۋە تاغقا چىقىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر... 76
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «25 - فېۋرال قانلىق
ۋەقەسى»نى تۇغدۇرۇپ 11 بېتىمنى بۇزۇشقا كىرىشىشى،
توقسۇن ياشلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىم تاغقا چىقىپ كېتىشى. 81
ئىككىنچى قېتىم ئىلانلىق ياشلىرىنىڭ تاغقا چىقىپ كېتىش
سەۋەبلىرى ........................ 83
ئەخمەت ناسىر ........................ 91
ساقچى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئىسكىلات-
تىن قورال ئېلىش ........................ 94
ياشلارنىڭ «كۆكتىنەك» تېغىدا بازا قۇرۇشى ھەم ئايۇپ
كانتوننىڭ ئۆلتۈرۈلۈش سەۋەبلىرى.................. 99

كۆرەش ئۇرۇشى ...................... 108
گومىنداڭ ئاتالمىش ياشلارغا تەسىر قىلىش ئۆمىكـ
نىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى... 112
خۇلاسە........................................ 117
تاغدىكى ياشلار ئوتتۇرىغا قويغان «7 تەلەپ» نى ئۆلـ
كىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان
ۋەكىللەر ۋە ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى.......... 119
قارا قادىرنىڭ تاغقا چىقىپ كېتىشى.............. 128
توقسۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا ئوت كېتىش
سەۋەبى «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ئىجرائىيەدىكى
بىر بۆلۈك ياشلارنىڭ تاغقا چىقىپ كېتىش سەۋەبلىرى... 134
خالىدىن مىنۇپنىڭ تەقدىرى...................... 152
توقسۇن ياشلىرىنىڭ ئابدۇراخمان مۇھىتى باشلىق تۇرپان،
پىچان ۋە ئۈرۈمچى ياشلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى...... 164
توقسۇن، تۇرپان، پىچان ۋە ئۈرۈمچى ياشلىرىنىڭ
كۆجەيدە جەم بولۇشى ھەم ئۇلارنىڭ قايتا تەشكىللىنىشى. 167
بۆرجاي ئۇرۇشى................................ 171
توقسۇن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
جامال غوپۇر باشلىق 6 نەپەر ئادەمنىڭ «چىمنوجون»
ئىلانلىقتا تۇرۇشلۇق قىسمى ماھەنجاڭنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قېلىشى ................................ 184
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن
«ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» سەركەردىلىرىنىڭ پاجى-
ئەلىك ئاقىۋەتلىرى.............................. 186
قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدىكى دات - پەريات........... 202

试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋە ئۈرۈمچى ياشلىرىنىڭ بۇرجاي
ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىقىشى، ئارا ئېگىزدا يۈز بەرگەن
كىچىككىنە بىر ۋەقە.................................. 208
توقسۇن ياشلىرى غۇلجىغا يۈرۈش قىلىپ «دىدە» دە
دۈشمەن قوشۇنىغا دۇچ كېلىپ، كەينىگە قاراپ چېكىنىشى
ۋە ئارا ئېگىزدا يۈز بەرگەن قانلىق پاجىئە........ 212
قارا قادىرنىڭ كېيىنكى تەقدىرى........................... 224
«ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ كېيىنكى تەقدىرى. 232
جاڭجىجوڭ، سۇڭشىلەننىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا تۇرپان،
پىچان، توقسۇن خەلقلىرى قانلىق قىرغىن قىلىشقا بىۋاستە
ئىشتىراك قىلغان بىر قىسىم شەنسىلەر............... 238
مەدەنىي يادىكارلىقلار.................................. 242
پىدائىي خەۋەر ھەققىدە قىسقىچە تەرجىمىھال ............. 246
ئاخىرقى سۆز.................................................. 250
توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىدىن بۇيانقى
مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگەللەش تېمىلىرى... 254

## ئۈرۈمچىدە 1944 - يىلى قۇرۇلغان «ئىنقىلابچىل» ياشلار تەشكىلاتى» ۋە ئۇنىڭ تۇقسۇن، تۇرپان، پىچان ۋە قومۇللارغا بولغان تەسىرى ۋە رولى

1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلقا ۋەقەسى پارتلىغاندىن باشلاپ، 1945 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە غۇلجا، تارباغاتاي ۋە ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەر مىللى ئارمىيە قولىغا ئۆتتى.

1945 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا بولسا جىڭ، شىخولارغا ھۇجۇم باشلىغان ئىدى. ئىلقا ۋەقەسى بىلەن تەڭ ئۈرۈمچىدە «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلدى.

بۇ تەشكىلاتقا:

ھەربىي مەكتەپتىن: زۇلال ياقۇپ (تاجىك) .................. لەر

سىفەندىن: قالى، شىرىپ ............................ لەر

يەرلىكتىن: ئابدۇرېھىم ئەيسا ......................... لەر

مال دوختۇرلۇق مەكتىپىدىن: ۋارىس، غەيۇلىن .............. لەر

شىنجاڭ ئىنستىتوتىدىن: مەخمۇت سادىر، ئەنۋەر لوقمان.

(تەشكىلات قۇرغۇچىلار) ..................................

قاتارلىقلار قاتنىشىپ ئۇلار، ياڭخاڭدىكى ئابدۇراخمان تاتارنىڭ

ئۆيدە تەشكىلاتنىڭ بىرىنچى يىغىنىنى ئاچتى.

بۇ تەشكىلات شۇ نۆۋەتتىكى يىغىندا ئۆز تەشكىلاتىنىڭ كېڭىشى ۋە ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئىنقىلاب ئۈچۈن لازىم بولىدىغان قوراللارنى ئالدى بىلەن باشقا ئورۇنلاردىن پۇلغا سېتىپ ئېلىش بىلەن بىرگە گومىنداڭ (شىڭ شىسەيدىن قالغان) ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ 6 - باتالىيونىدىكى مىللەتلەردىن سوپاخۇن، ھەسامىدىن مۇقىيىت قاتارلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلار قول ئاستىدىكى مىللىي ئەسكەرلەرنى ئىنقىلاب يولىغا تارتىش ئىشىنى قارارلاشتۇردى.

بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش زۇلال ياقۇپقا تاپشۇرۇلدى. زۇلال ياقۇپ ئەسلىدە ھەربىي مەكتەپتە① ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، ئۇ ئۈرۈمچى 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئادىلجان تاھىر بىلەن ناھايىتى يېقىن دوست ئىدى. ئۇ يەكشەنبە كۈنلىرى، بايرام كۈنلىرى ۋە باشقا پۇرسەت چىققان چاغلاردا ئادىلجان تاھىرنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى، بىرگە تاماشا قىلاتتى، ئىككىسى بىرلىكتە جەمئىيەت ھەم ۋەزىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا ئورتاقلىشاتتى. شۇڭا ئادىلجان تاھىرنى ئىشەنچلىك ئادەم دەپ بىلىپ، تەش-

① ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى جاڭ جىشى بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندە جاڭ شۆلياڭنى تەبرىكلەشكە ئەۋەتكەن ئىدى. زىيارەت جەريانىدا جاڭ شۆلياڭ كەنجىگە ھاراق تۇتقان، كەنجە ھاراقنى ئىچمەي بولۇپ، ئايرىم ئۆيگە چىقىپ تاپانچىسىغا ئوق سېلىۋاتقانلىقىنى ئىشىكتىن ئايلا كۆرۈپ قېلىپ، مەلۇم قىلىپ قويغاچقا گومىنداڭ تەرەپ كەنجىنى ئۆيگە بولۇپ ئالغان كەنجە دەرىزىدىن چۈشۈپ قېچىپ قۇتۇلغان.



زۇلال ياقۇپ (1985)

كىلاتىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ 1945 - يىلى 2 - ئايدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلدى. ئۇ چاغدا تەشكىلاتنىڭ قائىدىسىدە بىر ئادەم ئۆزى ئىشەنچ قىلالايدىغان بىر ئادەمنى تەشكىلاتقا تونۇشتۇرالايتتى. شۇڭا ھىسامىدىن مۇقىيىت توقسۇنلۇق ھەم ئادىلجان تاھىرنىڭ يېقىن دوستى بولغاچقا ئۇنى تەشكىلاتقا تارتىش ۋەزىپىسى ئادىلجان تاھىرگە يۈكلەندى.

ئادىلجان تاھىرى ھىسامىدىنغا تەشكىلات توغرىلىق گەپ سال-
غاندا ئۇ، ئاكتىپ قوللاپ، تەشكىلات يۈكلىگەن ھەرقانداق
ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇ يو-
سۇندا تەشكىلاتقا لاياقەتلىك بولغان ئادەملەردىن يەنە ھەربىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋاھاپ ئامۇرنى تارتقان. «ئىنقىلابچىل
ياشلار تەشكىلات» مۇزاكىرە قىلىپ، تەشكىلاتنىڭ ئىشەنچلىك
كىشىلىرىدىن بولغان قاسىم زولىيار، كەنجىلەرنى 6 - باتالىئونغا
يوشۇرۇپ كىرگۈزۈپ 6 - باتالىئوننى ئىنقىلابقا مايىللاشتۇ-
رۇش ۋەزىپىسىنى يۈكلىگەن. 4 - ئاي مەزگىلىدە تەشكىلات.



ئادىلجان تاھىر (1944 - يىللار)

ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئادىلجان تاھىر، ۋاھاپ ئامىر قاتارلىقلارنى توقسۇنغا چۈشۈپ، توقسۇندا ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇشقا، ئۇنى كېڭەيتىپ بىر تايانچ بازىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يوشۇرۇن يولغا سالدى. ئۇلار توقسۇنغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي 6 - باتالىيونغا يوشۇرۇنغان ئابلانىڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتى سېزىلىشكە باشلىدى. ئۇ تەشكىلات ئۈستىدىن گومىنداڭ تەرەپكە مەلۇمات بېرىش ئىشلىرىنى قىلغاچقا، تەشكىلات قاسىم زولىيار، كەنجىلەرگە ئۇنى خالى يەرگە ئېلىپ چىقىپ كۆزدىن يوقىتىشنى قارار قىلدى ھەم شۇ بويىچە ئىجرا قىلىندى. ئوق چالا تەككەچكە ئىشپىيون ئابلا ئۆلمەي قالغان. ئەھۋال خەتەرلىك بولغاچقا تەشكىلات ئۇلارنى قاچۇرۇۋەتتى. ئۇلار قېچىپ لىۋداۋەنگە بارغاندا ئىسمايىلجان دېگەن بىر خائىنىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن قولغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تەشكىلات پاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن بىر بۆلىكى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىشقا باشلىدى. گومىنداڭ ئۆز گۇمانىغا ئاساسەن 6 - باتالىيوننى دەرھال ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ چىقىپ، ئۇنىڭ تەركىبىگە يوشۇرۇنغان گۇمانلىق ئادەملەرنى تەشكىلات ئەزالىرىنى تازىلىماقچى بولدى، بۇ ئىشنى ئۈرۈمچىدە قىلماي 6 - باتالىيوننى شىخوغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرىدى. مەقسەت يولغا چىققاندا يول ئۈستىدە گۇمانلىق ئادەملەرنى تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئىدى. لېكىن يېرىم يولغا بارغاندا ھىسامىدىن مۇقىيىتنىڭ ئادىيۇتانتى ئەزىزوپ قاسىم بولغۇسى ئىشلاردىن ھىسامىدىن مۇقىيىتنى خەۋەرلەندۈردى. ھىسامىدىن مۇقىيىت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ قىسىمدىن قېچىپ كەتتى. لېكىن ئۇ



试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com